# كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى قەسەم بىلەن ناھەق يېۋالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىپ، ئۇنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ

ئەبى ئۇمامە ئىياس ئىبنى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى قەسەم بىلەن ناھەق يېۋالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىپ، ئۇنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ دېگەندە، ساھابىلەردىن بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! گەرچە ئاز نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ: ئاراك دەرىخىدىن بىر تال ھاسا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرغان: كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم ئىچىپ ناھەق يېۋالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىپ، جەننەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ دېگەندە، بىر كىشى: ئەگەردە ئۇ نەرسە ئاز، ئاددى نەرسە بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: گەرچە ئاراك دەرىخىدىن بىر تال ھاسا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5430

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee